# پەن - تېخنىكىدا زومىگەرلىك قىلىش تەرەققىياتقا، ئىلگىرىلەشكە توسقۇنلۇق قىلغانلىق

## — رىقابەتنى رەت قىلغانلار مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ

□ جۇڭ شىڭ

«بىر كەسىپ مۇبادا جەمئىيەتكە پايدىلىق بولسا، ئۇنى ئەركىن قويۇۋېتىش، كەڭ دائىرىدىكى رىقابەتلىشىشكە يول قويۇش كېرەك، رىقابەت قانچىكى ئەركىن، قانچىكى ئومۇمىيۈزلۈك بولغانسېرى، بۇ كەسىپ جەمئىيەتكە شۇنچە پايدىلىق بولىدۇ.» ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىششى چوڭقۇر تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئادام سىمىسنىڭ بۇ سۆزى يەنىلا ئىلھاملاندۇرۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە.

دۇنيا ئەھلىنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلار دەۋر ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەت قىلىپ، پەن - تېخنىكا زومىگەرلىكى چوڭ بايرىقىنى پۇلاڭلىتىپ، رىقابەتنى رەت قىلىشتەك تۈرلۈك مۇتتەھەملىك قىلمىشلىرى بىلەن خەلقئارا ھەمكارلىق بوشلۇقىنى قىسىشقا، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىدىغان يوللۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىگە بېسىم قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ.

بىر مەزگىلدىن بۇيان، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى دۆلەت كۈچىنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، جاپالىق تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن خۇاۋېي قاتارلىق جۇڭگونىڭ يۇقىرى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىغا ئارقا - ئارقىدىن ئوت ئاچتى. ھېچقانداق پاكىت ئاساسى ۋە تولۇق دەلىل - ئىسپاتى بولمىغان ئەھۋالدا، ئاتالمىش «مەخپىيەتلىكنى ئوغرىلىدى»، «دۆلەت خەۋپسىزلىكى»گە تەھدىت سالدى، دېگەندەك يوقلاڭ جىنايەتلەرنى باھانە قىلىپ، خۇاۋېي شىركىتىنىڭ ئامېرىكىنىڭ تېلېگراف ئۈسكۈنىسى، بولۇپمۇ 5G ئۈسكۈنىسى تورى قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشىنى چەكلىدى؛ ئارقىدىن يەنە مەمۇرىي چەكلەش بۇيرۇقى ئارقىلىق خۇاۋېي ھەم ئۇنىڭ قارمىقىدىكى شىركەتلەرنى ئېكسپورتنى تىزگىنلەشتىكى «ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈپ، نۇرغۇن ئامېرىكا شىركەتلىرىنى خۇاۋېيغا قارىتا «تەمىنلەشنى توختىتىش»قا ئاستىرتىن كۈشكۈرتتى... «جىنايىتى بار دەپ پەرەز قىلىش» ئارقىلىق خالىغانچە قارا چاپلاپ، دۆلەت كۈچىنى ئىشقا سېلىپ قەستەن بېسىم قىلدى، ھەتتا ئالاقىدار كارخانىلاردىن «بىرلىشىپ» قورشاپ توسۇشنى تەلەپ قىلدى، بۇنداق قىلمىش نېمىدېگەن يولسىزلىق ھەم نېمىدېگەن مۇتتەھەملىك - ھە!

دۇنيادىكى پەن - تېخنىكىدا كۈچلۈك دۆلەت ۋە ئىقتىسادى چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئامېرىكا تەرەپ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىشى، بازار رىقابىتىنىڭ ياخشى تەرتىپىنى چۈشىنىشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلار ئاددىي ساۋاتلارغا قەستەن سەل قاراپ، نورمال پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە بازار رىقابىتىگە قايتا - قايتا غەرەزلىك ئارىلاشتى. ناۋادا زادىلا سەۋەب تاپالمىسا، «دۆلەت خەۋپسىزلىكى»نى باھانە قىلدى. كىشىلەرنى ئىختىيارسىز ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ناۋادا ئامېرىكىنىڭ «دۆلەت خەۋپسىزلىكى»گە ھە دېگەندىلا تەھدىت سېلىش مۇمكىن بولسا، ئۇنداقتا 1 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكىدا كۈچلۈك دۆلەت بەكلا ئاجىز بولۇپ قالامدۇ. كۆپنى كۆرگەن كىشىلەر بىر قاراپلا شۇنى بىلەلەيدۇكى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ «دۆلەت خەۋپسىزلىكى»نى باھانە قىلىپ، جۇڭگو كارخانىلىرىغا بېسىم قىلىشتىكى مەقسىتى جۇڭگونىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى چەكلەپ، ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ پۈتۈن دۇنيادا 5G تېخنىكىسى قاتارلىق يۇقىرى پەن - تېخنىكا ساھەسى بازىرىنى تالىشىشى، خەلقئارا كەسىپلەر ئىش تەقسىماتىدىكى مونوپوللۇق ئورنىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن بوشلۇق ۋە ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنداق غەرەز دەل ئامېرىكىنىڭ «ئۆزىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغىلا يول قويۇپ، باشقىلارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە يول قويماسلىق»تەك زوراۋانلىق پسىخىك ھالىتىنى ئاشكارىلايدۇ؛ بۇنداق قىلمىش دەل ئامېرىكىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى «ئۆزىلا زورىيىش، غالىب كەلگۈچى ھەممىنى يېيىش»تەك ئۆكتەملىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

جۇڭگودا قەدىمكىلەردىن قالغان «ئۆزىدىن غالىب كەلگەنلەر ھەقىقىي باتۇر» دەيدىغان گەپ بار. رىقابەتكە دۇچ كەلگەندە، ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئەزەلدىن رەقىبنى قارىلاش، بېسىش ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتۇر. پەن - تېخنىكىدا ئالدىنقى ئورۇننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئامېرىكا ئەسلىدە زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۆز دۆلىتىدىكى كارخانىلارنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشى كېرەك ئىدى، بىراق، ئاقساراينىڭ سابىق باش ئىستراتېگىيە مەسلىھەتچىسى باننون، ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىدىكى ئورنى ئاز پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ داھىيسى شۇمېر ۋەكىللىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئاغزىغا كەلگەنچە جۆيلۈپ، «جۇڭگو ئامېرىكىغا ‹ئەڭ زور ياشاش خەترى› ئېلىپ كەلدى» «جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ پەن - تېخنىكىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى ئالماقچى ھەم ئىزچىل ئوغرىلىق قىلىۋاتىدۇ» دەپ كۈچىنىڭ بارىچە مۇبالىغە قىلدى ھەم «5G مۇسابىقىسى ئامېرىكا جەزمەن يېڭىدىغان بىر مەيدان مۇسابىقە» دەپ جار سالدى، ئەمەلىيەتتە، رىقابەتچىسىنى رەزىل ۋاستىلەر بىلەن بېسىپ، ئۆزىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، تەڭ مەنپەئەتلىنىش ئاساسىدىكى ھەمكارلىقنى غەرەزلىك توسۇش ئامېرىكا ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولمايلا قالماي، ئەكسىچە ئامېرىكا كارخانىلىرىنى قالاق، شۇنداقلا قىممەت باھالىق سەپلىمە ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر قىلىپ، ئامېرىكىنى 5G تور قۇرۇلۇشىدا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئارقىدا قالدۇرىدۇ. غەيرىي نورمال ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ۋاقىتلىق «مۇھاپىزەت كۆنلۈكى» تۇرغۇزۇۋالغان بىلەن، «ساختا ھەيۋە»نى «ھەقىقىي قابىلىيەت»كە ئايلاندۇرغىلى بولمايدۇ.

پەيلاسوپلاردىن بىرى «ئالىيجاناب رىقابەت»نى «بارلىق ئاجايىپ ئىقتىدارلارنىڭ بۇلىقى» دەپ ئىزاھلىغان. بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى رىقابەت. بىر ئادىل، ياخشى رىقابەت مۇھىتى بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم ئامىللىرىنىڭ تەرتىپلىك يۆتكىلىشى، بايلىقنىڭ ئۈنۈملۈك تەقسىملىنىشى، بازارنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئامېرىكىنىڭ فورد شىركىتى ۋە ھەممباب شىركىتى دەل بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىدىغان ياخشى رىقابەت داۋامىدا، ئۆزلىرىنىڭ سۈپەتلىك ماركىسىنى يارىتىپ، ئامېرىكىنىڭ ئاپتوموبىل كەسپىنى زورايتقان، كۈچەيتكەن.

ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي «ئەركىن رىقابەت» «بازار ئىگىلىكى»نى داڭلايدىغان ئامېرىكا ئەكسىچە ئۆزى رىقابەتكە ئاقىلانە مۇئامىلە قىلالماي، خەلقئارا سودا قائىدىسىگە سەل قاراپ، ھە دېسىلا سودا قوغدىغۇچىلىقى كالتىكىنى پۇلاڭلىتىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنى باسماقتا، سۆز - ھەرىكىتى مۇشۇنداق بىردەك بولمىسا، يەنە قانداق قىلىپ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشەلەيدۇ؟!

ئامېرىكىنىڭ رىقابەتنى رەت قىلىشى تەرەققىياتقا، ئىلگىرىلەشكە توسقۇنلۇق قىلغانلىق، رىقابەتچىسىنى «قورشاۋغا ئېلىش» ئۆزىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئورنىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ، ناتوغرا ۋاستە ھەرگىزمۇ ئامېرىكىنى يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرغۇزىدىغان «كوزىر» ئەمەس. پەن - تېخنىكىدا زومىگەرلىك قىلىشقا بېرىلىپ كەتكەن ئامېرىكىدىكى سىياسەتۋازلار شۇنى ئويلاپ بېقىشى كېرەككى، ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلار بارلىق ئاماللار بىلەن جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ يەر شارىۋى رىقابەتكە قاتنىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئامېرىكا سىلىنتسى جىلغىسىدىكى ھەرقايسى چوڭ شىركەتلەر چەكلەش بۇيرۇقى كۈچكە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن يەنىلا پۈتۈن كۈچى بىلەن جۇڭگو كارخانىلىرىنى مال بىلەن تەمىنلەيدۇ؟ ئامېرىكا ھەر خىل سەۋەبلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، خۇاۋېي شىركىتىنى قەستەن ئارقا - ئارقىدىن قارىلاۋاتقان بولسىمۇ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر نېمە ئۈچۈن يەنىلا خۇاۋېي بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىشنى تاللاۋاتىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھەمكارلىق ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئىش، ئۇ ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەت تورتىنى زورايتالايدۇ. رىقابەتنى رەت قىلىش پەقەت يەر شارىۋى تەمىنلەش زەنجىرىگە زەربە بېرىدۇ ھەم دۇنيا ئىقتىسادىغا زۆرۈر بولمىغان خەۋپ - خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ، خالاس.

نەچچە ئون يىل ئىلگىرى، جۇڭگو غەرب دۆلەتلىرى تەرىپىدىن قامال قىلىنغان جاپالىق شارائىتتىمۇ يەنىلا «ئىككى بومبا، بىر سۈنئىي ھەمراھ»نى ياساپ چىققاندى. بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگونىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىش قەدىمى ھەرگىزمۇ ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەن ۋە كاشىلىسى تۈپەيلىدىن توختاپ قالمايدۇ. ئاشۇ ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرىغا قىلىدىغان بىر جۈملە نەسىھىتىمىز شۇكى: جۇڭگونىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ كۈچلۈك ۋەزىيىتىنى زوراۋانلىق، زومىگەرلىك بىلەن توسىمەن دېيىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىدىن ئىبارەت يوللۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىگە قورشاپ زەربە بېرىمەن دېيىش، ئېنىقكى بىھۇدە ئاۋارىچىلىك! دەۋر ئېقىمىنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئانچىكى ھۈنەرگە، ناتوغرا يولغا تايىنىپ ئالدىنقى قاتاردىكى ئورنىنى ساقلاپ قالالىشى مۇمكىن ئەمەس.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشنىڭ دەل جايىدا، كۈچلۈك بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى

(بېشى 1 - بەتتە)

پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرقايسى جايلاردىكى تەپتىش ئورگانلىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق چىرىكلىككە ئائىت يىپ ئۇچى ۋە قارا، رەزىل جىنايەت يىپ ئۇچىنى قوش يۆنىلىشلىك تاپشۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش، بېجىرىش نەتىجىسىدىن قايتما ئىنكاس بېرىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەربىر قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ جىنايەت دېلوسىنىڭ ئارقىسىدىكى چىرىكلىك مەسىلىسىنى چوڭقۇر قېزىپ چىقىشقا تىرىشىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش بىلەن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۆزئارا تۈرتكە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق دېلو يىپ ئۇچلىرىنى بىرتۇتاش باشقۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەت مېخانىزملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملىدى؛ قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق دېلولارنى «ئالدىن قوبۇل قىلىش، ئالدىن تەقسىملەش» مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، «يېشىل يول» ئېچىپ، دېلولارنىڭ كىرىش ئېغىزىنى راۋانلاشتۇرۇپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئايلىنىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئالتاي ۋىلايەتلىك شۆبە خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قولغا ئالماسلىق قارار قىلىنغان، ئەيىبلىمەسلىك قارار قىلىنغان، ئەمەلدىن قالدۇرۇش قارار قىلىنغان دېلولارغا «قايتا قاراپ چىقىپ»، ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، «مۇھاپىزەت كۆنلۈكى» «مۇناسىۋەت تورى» ۋە قارا، رەزىل جىنايەت يىپ ئۇچىنى چوڭقۇر قېزىپ چىقتى؛ ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى بويىچە دېلو بېجىرىدىغان مەخسۇس بەن قۇرۇپ، مەخسۇس كۈرەش دېلولىرىنى بېجىرىش يولى ئېچىپ، ھەربىر دېلونى ئىلغاپ تەكشۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «مۇناسىۋەت تورىنى بۇزۇش، مۇھاپىزەت كۆنلۈكىگە زەربە بېرىش»كە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

قاراماي، شىخەنزە قاتارلىق جايلار «قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس دېلو خىزمىتى مېخانىزمى»نى تۈزۈپ، قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش، تەكشۈرۈش، ئەيىبلەش قاتارلىق ھەرقايسى ھالقىلاردا ھەرقايسى تارماقلارنىڭ يوچۇقسىز ئۇدۇللىشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى؛ مەكىت ناھىيەلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى دېلو ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، دېلو كېڭىشىش مېخانىزمى قاتارلىق قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «مۇناسىۋەت تورىنى بۇزۇش، مۇھاپىزەت كۆنلۈكىگە زەربە بېرىش»كە كۈچ سەرپ قىلىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىگە تۈرتكە بولۇشتا ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

كېيىنكى باسقۇچتا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تەپتىش ئورگانلىرى «قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىللىككە چېتىشلىق دېلولارنى تولۇق بېجىرىش، مەسىلە يىپ ئۇچىنى بىرىنىمۇ قويماي تەكشۈرۈش»نى نىشان قىلىپ، ئەيىبلەش، سوتلاش «قانۇن جېڭى»نى ياخشى قىلىپ، پۇختا نەتىجە ئارقىلىق بىخەتەر، مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ.

# خاس پۇقراۋى قونالغۇ شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكىگە ھۆسن قوشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ ئىچى - سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ سانى تېز ئېشىپ، ئاۋات پەسىلدە، ھەتتا «ياتاق تېپىشمۇ تەسلىشىپ كەتتى».

تۇرپان شەھىرى 2017 - يىلىدىن باشلاپ پۇقراۋى قونالغۇ كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئائىلە مېھمانخانىسى، دېھقانلار ئائىلە مېھمانخانىسىدىن 1000نى قۇردى، ئۆزگەرتتى، كېڭەيتتى؛ ئالتاي ۋىلايىتىدە نۆۋەتتە پۇقراۋى قونالغۇ 860تىن، كارىۋات 10 مىڭدىن ئاشتى، پۇقراۋى قونالغۇ كەسپىگە تايىنىپ بىۋاسىتە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 8000دىن ئاشتى، ئالاقىدار كەسىپلەردە ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ 30 مىڭدىن ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى؛ شىنجاڭدا پۇقراۋى قونالغۇ كەسپىنى بىرقەدەر بالدۇر تەرەققىي قىلدۇرغان قاناس مەنزىرە رايونىدا ھازىر پۇقراۋى قونالغۇدىن 237سى بار بولۇپ، 1200دىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى.

نۆۋەتتە، ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپان، ئالتاي، بايىنغولىن، ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى پۇقراۋى قونالغۇلارنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى ياخشى بولۇپ، پۇقراۋى قونالغۇ كەسپى يەرلىكنىڭ ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم تىرەك، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىدىكى مۇھىم يول بولۇپ قالدى.

### ■ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش
### ساياھەتچىلەرگە تېخىمۇ ئازادىلىك بېغىشلاش

تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونى ئۈزۈمچىلىك بازىرىنىڭ مۇنار مەھەللىسى يىپەك يولى ياتاق بىناسى قورۇسىدا تۇرسىڭىز، كۆز ئالدىڭىزدا ئەسلىي ھالىتى ساقلاپ قېلىنغان كېسەك ئىمارەت، شەكلى ئۆزگىچە كوچا چىرىغى، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلارنى كۆرەلەيسىز؛ ئۆيگە كىرسىڭىز بۇ يەردە ھەقسىز WiFi، 24 سائەت تەمىنلىنىدىغان ئىسسىق سۇ بارلىقىنى بايقايسىز — ئەسلىي ھالىتى ساقلاپ قېلىنغان تۇرالغۇ بىلەن زامانىۋى قاتتىق دېتاللار ناھايىتى ياخشى بىرلەشتۈرۈلگەندى.

يىپەك يولى ياتاق بىناسى تۇرپان شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت - ساياھەت تارماقلىرى باھالاپ چىققان «ئالتۇن قونالغۇ دەرىجىلىك» پۇقراۋى قونالغۇ. «ئالتۇن قونالغۇ» «كۈمۈش قونالغۇ»نى باھالاپ بېكىتىش يەرلىك پۇقراۋى قونالغۇ كەسپىنىڭ تەرەققىي قىلىپ قېلىپلىشىشقا، ئۆلچەملىشىشكە يۈزلىنىشىنىڭ بەلگىلىرىنىڭ بىرى.

2017 - يىلى 9 - ئايدا، ئەسلىدىكى دۆلەت ساياھەت ئىدارىسى ئېلان قىلغان «ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسىغا قويۇلىدىغان ئاساسىي تەلەپ ۋە باھا»دا، تۇنجى قېتىم پۇقراۋى قونالغۇغا ئېنىقلىما بېرىلدى. شىنجاڭدىكى پۇقراۋى قونالغۇ كەسپى بىرقەدەر بالدۇر تەرەققىي قىلغان بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن مۇناسىپ ئۆلچەملەرنى بېكىتىشكە باشلىدى.

«يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئالتاي پۇقراۋى قونالغۇنى باشقۇرۇش ئۆلچىمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۇقراۋى قونالغۇ بەلگىسى ۋە مۇلازىمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پۇقراۋى قونالغۇنى باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈردى. يەرلىك ‹ئالتۇن قونالغۇ› ‹كۈمۈش قونالغۇ› دەپ باھالىغان پۇقراۋى قونالغۇلارنى، بىر قېتىمدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 300 مىڭ يۈەن ۋە 200 مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلىدى؛ ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرگەن پۇقراۋى قونالغۇلارنى بىر قېتىمدا 50 مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاپ، ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسى تەرەققىياتىدىكى مەبلەغ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى يەنىمۇ ھەل قىلدى» دېدى ئالتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى لىيۇ كېچۈەن تونۇشتۇرۇپ.

«سىرتى سەھراچە بولۇش، ئىچى زامانىۋى بولۇش.» جاڭ زىبىن پۇقراۋى قونالغۇنىڭ ئومۇمىي ئۆلچىمىنى ئىخچام قىلىپ سۆزلەپ بەردى. سانجى ئوبلاستى پۇقراۋى قونالغۇ كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، قاتتىق باھالاش ئۆلچىمىنى بېكىتىپ، ئېسىل پۇقراۋى قونالغۇ، ئۆلچەملىك پۇقراۋى قونالغۇ، ئادەتتىكى پۇقراۋى قونالغۇ بويىچە تەپسىلىي تۈرگە ئايرىدى، بۇ ئۆلچەم بۈلتۈردىن باشلاپ يولغا قويۇلدى.

«بۇ، باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ئۆلچەم بويىچە قېلىپلاشتۇرۇشى، باشقۇرۇشقا پايدىلىق، مەبلەغ سالغۇچىلار، پۇقراۋى قونالغۇ كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقان - چارۋىچىلارنىڭمۇ ئۆلچەم بويىچە مەشغۇلات قىلىشى، ئىجرا قىلىشقا قولايلىق، پۇقراۋى قونالغۇدىن ئىبارەت بۇ خىل ساياھەت يېڭى كەسىپ ھالىتىنىڭ ئۇزاق كەلگۈسى تەرەققىياتىغا پايدىلىق» دېدى جاڭ زىبىن.

بۇلتۇر، جاڭ دېمىڭ 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئۆزىنىڭ مېھمانخانىسىنى ئۆزگەرتتى. «ھازىر كېلىپ قونسىڭىز، خۇددى مېھمانسارايدا ياتقاندەكلا بولىسىز» دېدى ئۇ.

### ■ خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش
### پۇقراۋى قونالغۇنى تېخىمۇ جەلپكار قىلىش

يىراقتىن قارىسىڭىز، قارلىق چوققىلار، ئېگىز تاغلار ئىنتايىن گۈزەل كۆرۈنىدۇ؛ يېقىندىن ئاڭلىسىڭىز، ئورمانلىقتىكى قارىغاينىڭ غۇيۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. قابا ناھىيەسىنىڭ تېرەكتى يېزىسى ئاققابا كەنتىگە جايلاشقان ئاققابا ئارقا كوچا ھويلىسىدا، ساياھەتچىلەر كەڭ تەبىئەتتىكى پاكىز تۇرمۇشتىن قانغىچە بەھرىمەن بولالايدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، مۇلازىمەت ئەسلىھەسى ۋە ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلار يەنە پۇقراۋى قونالغۇ قۇرۇلۇشىدا شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، تەرەققىيات خاسلىقىنى بەرپا قىلماقتا.

قاناس مەنزىرە رايونى پۇقراۋى قونالغۇ قۇرۇلۇشىدا قاناسنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك ئەۋزەللىكىنى ھەم ئەنئەنىۋى قەدىمىي كەنتنى قوغداشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەنزىرە رايونىدىكى ئەنئەنىۋى قەدىمىي كەنتنىڭ تارىخىي قىياپىتى، قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىنى قوغداشنى ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى قىلىپ، ياغاچ تۇرالغۇلارنى ساقلاپ قېلىش، ئازايتىش كۆپەيتمەسلىك، ئېسىل قىلىپ قۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، قۇرۇلۇشنى بېزەش، ماتېرىيال توشۇش، قۇرۇلۇش قىلىشنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشنى، نازارەت قىلىشنى چىڭىتىپ، ياغاچ قاشا، دەرۋازا، ئاسما يوللارنى ۋاقتىدا رېمونت قىلىپ ئوڭشاپ، قاڭالتىرلىق ئۆگزىلەرنى ئېلىۋېتىپ، ياغاچ ئۆگزىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تاقىر يەرلەرنى گۈزەللەشتۈرۈپ، كۆكەرتىپ، تىرىشىپ پۇقراۋى قونالغۇلارنى قاناسنىڭ جەلپ قىلارلىق كۆل مەنزىرىسى بىلەن يۇغۇرۇشنى تەكىتلىدى.

مەدەنىيەت ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەت شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پۇقراۋى قونالغۇلار ئاساس قىلغان «خاس ماركا».

سەيزىگۇ كەنتىگە قوشنا بولغان ئېگىنبۇلاق يېزىسىنىڭ يۈلياڭدى كەنتى بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلانغان ئەنئەنىۋى كەنت بولۇپ، «جۇڭگودىكى ئەنئەنىۋى كەنت» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى ھەم «جۇڭگودىكى گۈزەل ئىستىراھەت كەنتى» بولدى، پۇقراۋى قونالغۇ قاتارلىق ساياھەت يېڭى كەسىپ ھالىتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ياخشى بولدى.

«بۇ يەردە، ھەربىر ھويلا ھويلا ئىگىسىنىڭ دائىم تۇرىدىغان ئۆيى بولۇپ، پۇقراۋى تۇرالغۇ ياتاقلىرى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى بىلەن قوشنا بولغاچقا، ساياھەتچىلەر بەھوزۇر تۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە شۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى يېقىن ئارىلىقتىن ھېس قىلالايدۇ» دېدى ئاققابا ئارقا كوچا ھويلىسى شىنجاڭ چۈەنيۇ سىشياڭ خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى جېڭ خاۋ تونۇشتۇرۇپ. 2018 - يىلى 5 - ئايدا، بۇ ساياھەت كوپېراتىپى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئالتە ھويلىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ، پۇقراۋى قونالغۇ ئېچىپ، تىجارەت باشلاپ تۆت ئايدىلا 2400دىن ئارتۇق ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)